«يېڭى ئۇقۇم» ئىلىم - پەن بىلىملىرى مەجمۇئەسى



# ھاۋا ئۆزگەردى!



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن تور بېتى

图书在版编目（CIP）数据

天气变啦！：维吾尔文 / (韩) 李美爱著；(韩) 林一秀绘；千太阳汉译；买然木汗·那以甫维译. —乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社, 2015.11
（新概念科学系列）
ISBN 978-7-5469-7728-7

Ⅰ. ①天… Ⅱ. ①李… ②林… ③千… ④买… Ⅲ. ①科学知识－儿童读物－维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ. ①Z228.1

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 264062 号

选题策划：亚森·吾不力哈斯木　　责任决审：亚森·吾不力哈斯木
责任编辑：夏依买尔旦·艾尼瓦尔　　责任印制：刘伟煜
责任复审：吐尔洪·吐尼牙孜

丛 书 名　新概念科学系列
书　　名　天气变啦！（维吾尔文）
作　　者　(韩) 李美爱
插　　图　(韩) 林一秀
译　　者　买然木汗·那以甫
出　　版　新疆美术摄影出版社（www.xjdzyx.com）
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号（邮编 830026）
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
制　　版　乌鲁木齐穆拉卡提文化传媒有限公司
印　　刷　北京新华印刷有限公司
开　　本　787 mm × 1092 mm　1/12
印　　张　2.5
版　　次　2015 年 11 月第 1 版
印　　次　2016 年 3 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-7728-7
定　　价　18.00 元

网络出版　读读网（www.dudu-book365.com）
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店（http://shop67841187.taobao.com）

«يېڭى ئۇقۇم» ئىلىم ـ پەن بىلىملىرى مەجمۇئەسى

# ھاۋا ئۆزگەردى!

ئاپتورى: لى مېيئەي [كورېيە]
رەسىمىنى سىزغۇچى: لىن يىشيۇ [كورېيە]
تەرجىمە قىلغۇچى: مەريەمخان نايىپ





شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى




ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



پىژغىرىن ئاپتاپ


— نېمىدېگەن ئىسسىق - ھە!

قىزىق قۇياش نۇرى زېمىنغا چۈشۈپ، يۈزلەرنى قىزىتىپ، تەر تامچىلىرى يۈزنى بويلاپ ئاقتى، ئەمما دەرەخ ئاستى بەك سالقىن ئىدى.




ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

ھازىر قۇرغاقچىلىق پەسلى بولغاچقا، يامغۇر ياغمىغىلى ئۇزۇن بولدى.
قاراڭلار! يەر خۇددى تاشپاقىنىڭ قېپىدەك يېرىلىپ كېتىپتۇ.
ئوت - چۆپلەر ئۇسسۇزلۇقتىن قۇرۇشۇپ، دەرەخ يوپۇرماقلىرى سولىشىپ قاپتۇ.






ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




بۇگۈن هاۋا تۇتۇق!
ئاسماننى قاپقارا بۇلۇت قاپلىغانىدى.
ئۇزاق ئۆتمەي، قۇياشنىمۇ كۆرگىلى بولمىدى.





www.uyghurkitap.com

شامال چىقتى.

شامال دەرەخنى ئىرغىتىپ، يوپۇرماقلارنى يەرگە چۈشۈردى.

— ھەي، شامال! دوپپامنى قايتۇرۇپ بەر!



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

كۆزنى چاقنىغان چاقماقتا ئۇلىشىپلا گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىدى.
ئاسماننى قاراڭغۇلۇق باستى.
چاقماق! ھەي چاقماق! سەن دەرەخ شېخىغا ئوخشايسەن.
گۈر، گۈر.
دېرىزىنى تاقاپ، قۇلاقنى ئېتىۋالسىمۇ، گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازىنى
توسۇپ قالغىلى بولمايتتى.





«يالت ـ يوْلت»



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— تەيفېڭ بورىنى چىقتى، تېز ئۆيگە قايتايلى.
تەيفېڭ بورىنى دەرەخنى يىلتىزىدىنلا قومۇرۇۋېتىدىغاندەك قىلاتتى.
غۇر - غۇر، گۇر - گۇر.
— نېمىدېگەن كۈچلۈك بوران بۇ.



www.uyghurkitap.com

يامغۇر ياغدى.
ئاسماندىن چۈشكەن يامغۇر كۆللۈكۆمگە تاراسلاپ چۈشتى.
يەر يۈزىدىكى يامغۇر سۈيى يۈندى قۇدۇقىغا شارىلداپ كىرىپ كەتتى، نېمىدېگەن قىـ
زىقارلىق!







ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ھاۋا ئېچىلدى.
ھوي! بۇ يامغۇرنىڭ سەۋەبىدىنمىدۇر؟
يامغۇردىن كېيىنكى ئاسمان ئىنتايىن سۈزۈك ئىدى.
بىلىپ ـ بىلمەيلا ئاسماندا ھەسەن ـ ھۈسەن كۆرۈندى.
نېمىدېگەن چىرايلىق! مەن چىرايلىق ھەسەن ـ ھۈسەننى ياخشى كۆرىمەن.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇگۇن تۇمانلىق كۈن بوپتۇ.

تۇمان بولسا ھاۋادىكى سۇ تامچىلىرىنىڭ تۆۋەن يەر يۈ-
زىدە لەيلىشىدىن شەكىللەنگەن ھاۋا رايى ھادىسىسى.

قاراڭلار! تۇمان خۇددى مۆكۈشمەك ئويناشقا ئامراق
كەپسىز بالىدەك، بەزىدە تاغ ۋە دەريانى يوشۇرۇپ قويسا، بە-
زىدە ئوتلاق ۋە دەرەخنى غۇۋا كۆرۈنىدىغان قىلىپ قويىدۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەچ بولغاندا ئۈششۈك چۈشتى.

ئۈششۈك خۇددى قارغا ئوخشايدىغان ئۇششاق مۇز كىرىستالى، ئۇ يەر يۈزىنى، دەرەخ شېخىنى، دادامنىڭ ماشىنىسىنى قاپلاپ بىر قەۋەت قىروۋ ھاسىل قىپتۇ.

ئەمما، قۇياش چىقىشى بىلەنلا قىروۋ ئېرىپ كەتتى.




ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى


مۆلدۈر ياغدى! تېز قېچىڭلار!
يۇمىلاق مۇز پارچىسى ئاسماندىن توروكلاپ چۈشتى.
بىرنەچچە تالنى تېرىپ ئېلىپ ئالقىنىمغا قويدۇم. نېمىدېگەن سوغۇق ـ ھە!
مۆلدۈرنىڭ بەزىلىرى پۇرچاق چوڭلۇقىدا بولسا، بەزىلىرى كالتەك توپ چوڭلۇقىدا بولۇپ، تېگىپ كەتسە بەك خەتەرلىك.







www.uyghurkitap.com




قار ياغدى.
ئۆگزە، دەرەخ شاخلىرى، يوللارنىڭ ھەممىسى ئاپئاق قار بىلەن پۈركەندى.
ۋاھ، نېمىدېگەن پەيزى! دوستلىرىم بىلەن قار بوۋاي ياساپ ئوينايدىغان بولدۇم.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ۋاھ، نېمىدېگەن سوغۇق.
هوي! ئايۋاندا مۇز چوكىلىرى پەيدا بوپتۇ.
مۇز چوكىلىرى بولسا ئۆگزىدىكى قارلار ئېرىپ چۈشۈۋاتقاندا قايتىدىن مۇز تۇتقان-
دىن كېيىن شەكىللەنگەن.



ئوچۇق، تۇتۇق، يامغۇرلۇق، قارلىق كۈنلەر.
ھاۋا رايى ھەر كۈنى ئۆزگىرىپ تۇرغاچقا، بىز ئىنتايىن خۇشال.



www.uyghurkitap.com

## بەزىدە ئىسسىق، بەزىدە سوغۇق ئۆزگىرىشچان ھاۋا رايى

ناۋادا ھەر كۈنى ئوچۇق، ئىللىق ھاۋا بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە! ئەمما بۇ بىزنىڭ خىيالىمىزلا، خالاس. قىسمەن رايونلاردا يامغۇر كۆپ يېغىپ كەلكۈن كېلىدۇ؛ يەنە بەزى جايلاردا قاتتىق قار يېغىپ، ماشىنىلار ماڭالماي قالىدۇ. شۇڭلاشقا ھاۋا رايىنىڭ تۇرمۇشىمىزغا بولغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭ. شۇ سەۋەبلىك كىشىلەر ھەر كۈنى ھاۋا رايى ئۆزگىرىشىگە دىققەت قىلىدۇ. بىر ئائىلە كىشىلىرى ساياھەتكە چىققاندا، تۇيۇقسىز يامغۇر يېغىپ كەتسە قاتتىق ئەپسۇسلىنىپ كېتىدۇ. مۇشۇنداق ئىشلارغا يولۇقۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئالدىن ھاۋا رايى مەلۇماتىنى ئاڭلاپ، ئاندىن ساياھەتكە چىقىدىغان كۈننى بېكىتىش لازىم.

### شامال نېمە ئۈچۈن كۈچلۈك چىقىدۇ؟

ھاۋا توختىماستىن يۆتكىلىپ تۇرغاچقا، شامال ھاسىل بولغان. ئەگەر ئىككى يانداش ئورۇننىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ بولغاندا، شامال كۈچلۈك چىقىدۇ.



### ھاۋا سوۋۇسا يامغۇر قار بولۇپ چۈشىدۇ

قار يامغۇرغا ئوخشاش بۇلۇتتىن چۈشكەن سۇ تامچىسى. ئەگەر ھاۋا سوغۇق بولسا، يەنە كېلىپ يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن بولسا، سۇ تامچىلىرى چۈشۈش داۋامىدا قارغا ئايلىنىپ يەرگە چۈشىدۇ.




### بۇلۇت ئېغىرلاشسا يامغۇر ياغىدۇ

دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقتىكى سۇ قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈشى بىلەن سۇ ھورىغا ئايلىنىپ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، بۇلۇت ئەتراپىغا يىغىلىدۇ. سۇ ھورى يىغىلىپ بارا - بارا كۆپەيسە، بۇلۇت ئېغىرلىشىپ، ھاۋا بۇلۇتنى كۆتۈرۈپ تۇرالمايدۇ - دە، يامغۇر ياغىدۇ.



### سۈنئىي ھەمراھ بۇلۇت خەرىتىسىگە ئاساسەن ھاۋا رايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش

ھاۋا رايىدىن مەلۇمات قانداق ئىشلىنىدۇ؟ ئالدى بىلەن ئوخشاش ۋاقىت ئىچىدە بىرقانچە رايوننىڭ تېمپېراتۇراسى، نەملىكى، بۇلۇت مىقدارى، شامال كۈچى ئۆلچىنىپ ماتېرىيال توپلىنىدۇ ھەمدە بۇلارغا ئاساسلىنىپ ھاۋا رايى خەرىتىسى سىزىلىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا ھاۋا رايى خەرىتىسى ۋە باشقا ماتېرىياللارغا ئاساسەن ھاۋا رايى مەلۇماتى ئىشلىنىدۇ.





## نېمە ئۈچۈن چاقماق چېقىش ۋە گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ؟

دىمىق ياز كۈنلىرىدە كۆپىنچە چاقماق چېقىش ۋە گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. دىمىق ھاۋادا نەم ھاۋا يۇقىرىغا ئۆرلەپ، يامغۇرلۇق توپ بۇلۇت ھاسىل قىلىدۇ. يامغۇرلۇق توپ بۇلۇتتا نۇرغۇن سۇ تامچىسى ۋە مۇز كىرىستالى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا سوقۇلۇشىدىن زەرەت ھاسىل بولىدۇ، سوقۇلۇش كۈچلۈك بولغاندا چاقماق ھاسىل بولىدۇ. چاقماق ئەتراپىنىڭ ھاۋاسىنى قىزىتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قىزىغان ھاۋا كېڭىيىپ گۈلدۈر - قاراس قىلىپ گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا، بۇلۇتتا يامغۇر بولسا، قىزىل رەڭلىك چاقماق چاقىدۇ؛ ناۋادا بۇلۇتتا مۆلدۈر بولسا، كۆك رەڭلىك چاقماق چاقىدۇ.



**بىلىم كۆزنىكى!**

### ئاپتوموبىل چاقماقنىڭ زەربىسىگە ئۇچرامدۇ؟



ئاپتوموبىلنىڭ كۆپ قىسىم زاپچاسلىرى تۆمۈردىن ياسالغاچقا، چاقماقنىڭ زەربىسىگە ئۇچرايدۇ. ئاپتوموبىل ئەتراپتا ھېچقانداق ئىمارەت بولمىغان كەڭرى دالىدا يۈرگەندە، چاقماقنىڭ زەربىسىگە ئۇچراش ئېھتىماللىقى چوڭ بولىدۇ. ئەمما ئاپتوموبىلنى چاقماق سوقۇۋەتسىمۇ، ئىچىدىكى ئادەمگە زىيان يەتمەيدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب ئاپتوموبىلغا چۈشكەن چاقماق تېزلىكتە يەر يۈزىگە سۈمۈرلۈپ كېتىدۇ.



www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب زامانىۋى مائارىپ نەشرىياتىنىڭ 2013 - يىلى 1 - ئاي 1 - نەشرى، 2013 - يىلى 1 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据现代教育出版社2013 年 1 月第 1版，2013 年 1 月第 1 次印刷版本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
مەسئۇل مۇھەررىرى: شاھىمەردان ئەنۋەر
قايتا تەكشۈرگۈچى: تۇرغۇن تۇنىياز
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
باسما مەسئۇلى: لىيۇ ۋېيىيۇ

«يېڭى ئۇقۇم» ئىلىم - پەن بىلىملىرى مەجمۇئەسى

# هاۋا ئۆزگەردى!

ئاپتورى: لى مېيئەي [كورېيە]
رەسىمىنى سىزغۇچى: لىن يىشيۇ [كورېيە]
تەرجىمە قىلغۇچى: مەريەمخان نايىپ

**نەشر قىلغۇچى:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن - تېخنىكا باغچە يولى 5 - قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830026
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**بەت ياسىغۇچى:** ئۈرۈمچى مۇلاقات مەدەنىيەت تارقىتىش چەكلىك شىركىتى
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شىنخۇا مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**فورماتى:** 1092 × 787 مىللىمېتىر، 1/12
**باسما تاۋىقى:** 2.5
**نەشرى:** 2015 - يىلى 11 - ئاي 1 - نەشرى
**بېسىلىشى:** 2016 - يىلى 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 5469 - 7728 - 7
**باھاسى:** 18.00 يۈەن

**تور نەشرى:** دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
**تور كىتابخانىسى:** تاۋباۋ تورى - شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

www.uyghurkitap.com



ISBN 978-7-5469-7728-7
9 787546 977287 >
定价：18.00元